# شنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
20
جۈمە
维吾尔文 9月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24824 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## يېڭى دەۋردىكى خۇاڭخې دەرياسى ئومۇمىي خورىنى ئىجاد قىلىش

### ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەكشۈرگەنلىكى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانلىقى ھەم خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە ئۇنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

☐ خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى دۇ شاڭزې، ما يۈفېڭ
شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي

خۇاڭخې دەرياسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسى، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ بۆشۈكى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، توختىماي ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان خۇاڭخې دەرياسى چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن بىللە جۇڭخۇا مىللىتىنى بېقىپ كەلدى، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بىر چاغلاردا، خۇاڭخې دەرياسى تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىش، بولۇپمۇ سۇ ئاپىتى ئېغىر بولۇش سەۋەبىدىن، «ئۈچ يىلدا ئىككى قېتىم يار ئېلىپ كېتىپ، 100 يىلدا بىر قېتىم يولىنى ئۆزگەرتىپ»، دەريا ساھىلىدىكى پۇقرالارغا ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلگەندى. ئۇزاقتىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللىتى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تىنچ ئېقىشى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ خېنەندە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە ئۇنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# چوڭ ئاسراشنى ئورتاق ياخشى تۇتۇپ، چوڭ تۈزەشنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، خۇاڭخې دەرياسىنى خەلققە بەخت يارىتىدىغان بەخت دەرياسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك

### خەن جېڭ قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى



9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جېڭجوۋدا خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە ئۇنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. سۈرەتتە: سۆھبەت يىغىنىدىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن جېڭجوۋ خۇاڭخې دەرياسى دۆلەت گېئولوگىيە باغچىسىدا، خۇاڭخې دەرياسى قىرغىقىنى بويلاپ پىيادە مېڭىپ ئەتراپتىكى مۇھىتنى كۆزدىن كەچۈردى، خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيەنى ئاسراش، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش، توسما قۇرۇلۇشى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋەزىيىتى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى



9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جېڭجوۋدا خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە ئۇنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.
☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جېڭجوۋدا خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە ئۇنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، سۇغا قاراپ بېكىتىپ، سۇنى ئۆلچەپ يولغا قويۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر يۈرگۈزۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىن، غول ـ تارماق ئېقىن، ئوڭ ـ سول قىرغاقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، چوڭ ئاسراشنى ئورتاق ياخشى تۇتۇپ، چوڭ تۈزەشنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش، تۈزەشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن دەريا ۋادىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، خۇاڭخې دەرياسى مەدەنىيىتىنى قوغداپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خۇاڭخې دەرياسىنى خەلققە بەخت يارىتىدىغان بەخت دەرياسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، چىڭخەي ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جيەنجۈن، شەنشى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇ خېپىڭ، خېنەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوشېڭ، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى لۇ خاۋ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى لى گەنجيې، سۇچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئې جىڭپىڭ، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى، سەنشى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لو خۇيىنىڭ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى لى جىخېڭ، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ جيايى، سىچۇەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى پېڭ چىڭخۇا، گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىن دو، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى شى تەيفېڭ يازما سۆز بىلەن تەمىنلەپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سۇ ـ تۇپراقنى ساقلاش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قاتارلىق جەھەتلەردە تونۇشى ۋە كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم ئېكولوگىيە توسۇقى ۋە مۇھىم ئىقتىسادىي بەلبېغى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم رايون بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇاڭخې دەرياسىنى ئاسراش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە ۋە مەڭگۈلۈك سىجىل تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك كەلگۈسى ئۇلۇغۋار پىلان. خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە ئۇنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بېيجىڭ شياڭشەن ئىنقىلابىي خاتىرە ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، خېنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بېيجىڭ شياڭشەن ئىنقىلابىي خاتىرە ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، خېنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكىرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. غايە، ئېتىقادنى چىڭىتىش كېرەك. پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل ئەنئەنە تەربىيەسىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىنى، يېڭى جۇڭگونىڭ قانداق قۇرۇلغانلىقىنى، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «قاتناش كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

تەپسىلاتى 2 ـ بەتتە

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز يۈەن لىپى خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ـ بازار يۈرۈندىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغان 40 يىلدىن بۇيان نامايان بولغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەشتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)